


# شىنجاڭغا كەلگىنىمگە 50 يىل بولدى، شىنجاڭنى بىر ئۆمۈر سۆيىمەن

## —— مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتى تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى لى پېڭ توغرىسىدا

□ مۇخبىرىمىز رايىدە

«يەنە نۇرغۇن ئىش مېنىڭ قايتىپ بېرىپ ئىشلىشىمنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.» 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يىغىنغا قاتناشقان شىنجاڭ قۇملۇق چىلانچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لى پېڭ بىرىنچى ۋاقىتتا يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، چىرا ناھىيەسىگە قايتىشقا تەييارلاندى.

بۇ يىل 68 ياشقا كىرگەن لى پېڭ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ئىزچىل تەكلىماكان قۇملۇقىدىن كەتمەي، چىلانچىلىق كەسپىنى بەرپا قىلىپ، شۇ جايدىكى پۇقرالارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشۇۋاتىدۇ.

### ■ «كومپارتىيە ئەزاسى مەڭگۈ پېنسىيەگە چىقمايدۇ»

1951 ـ يىلى، لى پېڭ سەنشى لۈلياڭ تاغلىق رايونىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1970 ـ يىلى ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ شىنجاڭغا كەلگەن، 1973 ـ يىلى پارتىيەگە كىرگەن، ئىلگىرى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، باغ ـ ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە خېلى زور تۆھپە قوشقان.

پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن، شىنجاڭنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا يەنە يېڭى تۆھپە قوشتى. 2009 ـ يىلى، لى پېڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، قەتئىيلىك بىلەن چىرا ناھىيەسىنىڭ چىرا يېزىسى ئارىش كەنتىگە كېلىپ ماكانلىشىپ بىر ئىشلىگەنچە ئون يىل ئىشلىدى.

نۇرغۇن كىشى لى پېڭنىڭ نېمە ئۈچۈن بەخىرامان پېنسىيە تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، قۇملۇققا كېلىپ جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. «كومپارتىيە ئەزاسى مەڭگۈ پېنسىيەگە چىقمايدۇ.» دېدى لى پېڭ. «خوتەن گەرچە جاپالىق، تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان بولسىمۇ، ئەمما خوتەن خەلقى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ بۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ، ئەجەبا مەن قالالمامدىم؟ مەن ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەيمەن!»

ئارىش كەنتى ئېغىر نامرات كەنت، كىشى بېشىغا 1.3 مودىن يەر توغرا كېلىدۇ، 90% كەنت ئاھالىسى نامرات ئائىلە. ئادەم كۆپ، يەر ئاز، تەبىئىي مۇھىت ناچار، ناۋادا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بولمىسا، كەسىپ ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش بولمىسا، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ناھايىتى تەس.

چىرا ناھىيەسىنىڭ توختىماي قۇم ـ بوران چىقىپ تۇرىدىغان 3 ـ نومۇرلۇق بوران ئېغىزىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، لى پېڭ بۇ جايدا شىنجاڭ قۇملۇق چىلانچىلىق چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، قۇملۇقتا كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىپ، غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شۇ جايدىكى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەشنى قارار قىلدى.

### ■ قۇم بارخانلىرى بوستانلىققا ئايلاندى

لى پېڭ بەرپا قىلغان چىلان بازىسىنىڭ تۆت ئەتراپى ئاق تېرەكلەر بىلەن ئورالغان، چىلان شاخلىرى بۈك ـ باراقسان بولۇپ، ئىلگىرىكى چۆللۈك بۈگۈنكى كۈندە ئېكولوگىيە تىپىدىكى ئۆلچەملەشكەن چىلان ئۆستۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىغا ئايلاندى.

بۇلارنىڭ ئارقىسىدا ھېچكىم بىلمەيدىغان جاپا ـ مۇشەققەت بار.

چىرا ناھىيەسىگە دەسلەپ كەلگەندە، لى پېڭ كەنت ئاھالىسىنىڭ نەچچە كۋادرات مېترلا كېلىدىغان بىر ئېغىزلىق پاكار كونا ئۆيىدە تۇرغان بولۇپ، ئىشكتىن كىرسە بېشى تاقىشاتتى، يەنە پاشا ـ قۇرتلارنىڭ چېقىشىغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدى.

«ئەينى چاغدا، قاقاس قۇم بارخانلىرى ۋە قاتمۇقات تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرى ئالدىدا، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ تاللىشىدىن گۇمانلانغان، ئىككىلەنگەنىدىم» دېدى لى پېڭ ئەسلەپ.

قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەش كېرەكمۇ ياكى يالتىيىۋېلىش كېرەكمۇ؟ لى پېڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بۇنىڭغا جاۋاب بەردى. بەل ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسى پولتىيىپ چىقىپ ئاغرىتقاچقا، ئۇ بېلىنى تۈزلىيەلمەيتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ھاسىغا تايىنىپ ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلدى؛ ئاشقازىنى ئاغرىپ، نەچچە كېچە ـ كۈندۈز بىر قوشۇقمۇ تاماق يېيەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىرىنچى سەپتە كۆرەش قىلدى؛ ھېرىپ ـ چارچاپ ياندۇرسىمۇ، ھەتتا ئۆت سۇيۇقلۇقى يېنىپ كەتسىمۇ، ئۇ يەنىلا چىشىنى چىڭ چىشلەپ بەرداشلىق بەردى.

قۇملۇقنى تۈزلەش، قۇملۇقنى تىزگىنلەشكە كېتىدىغان مەبلەغ بەك زور بولغاچقا، لى پېڭ دۇچ كەلگەن مەبلەغ بېسىممۇ ئىنتايىن چوڭ بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆيىنى سېتىۋەتتى. يالغۇز پەرزەنت بولسىمۇ، ئەينى چاغدا لى پېڭ ھەتتا ئۆيىگە قايتىپ كېسەل ياتقان دادىسىنىڭ ھالىدىنمۇ خەۋەر ئالالمىدى. 90 نەچچە ياشلىق دادىسى ئۇنى چۈشىنىپ، كەسكىنلىك بىلەن قۇملۇققا كۆچۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئەڭ جاپالىق چاغلاردا ھەمراھ بولدى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ جەسەت سۆڭىكى مۇشۇ يەرگە كۆمۈلدى.

مۇستەھكەم ئېتىقاد ۋە قەتئىي بوشاشماي تىرىشىشقا تايىنىپ، 2013 ـ يىلىدىن باشلاپ، لى پېڭنىڭ بۇ چىلانزارلىقى ئاخىر مول مېۋە بەردى، بىر يىلدا چىلاندىن 600 توننا ھوسۇل ئېلىندى. بۈگۈنكى كۈندە، 800 مىڭ تۈپ چىلان كۆچىتى، تېرەك كۆچىتى جەڭچىگە ئوخشاش بۇ تۇپراقنى قوغدىماقتا، 2400 مو كۆلەمدىكى قۇم بارخانلىرىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى. جاپا ـ مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتقان ئۇ شېرىن جاۋابقا ئېرىشىشكە باشلىدى.

### ■ كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەپ تەڭ بېيىش

لى پېڭ مۇنداق دېدى: كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن بالدۇراق قۇتۇلۇپ بېيىشىغا كۈچ قوشىدىغان ئۈنۈملۈك يول.

لى پېڭ ئەگەر ئىزچىل چىلاننىلا ئۆستۈرىدىغان، چىلاننىلا يىغىدىغان، چىلاننىلا ساتىدىغان ھازىرقى ھالەتتە توختاپ قالسا، چىلانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدا چىقىش يولى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنچىكە پىششىقلاش تۈرىگە كۈچ سەرپ قىلىپ، پائال تۈردە مەبلەغ جەلپ قىلىپ، چىلان ئىشلەپچىقىرىش كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلدى. شۇ يەردىكى ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىدا، 2018 ـ يىلى، ئۇ مەبلەغ سېلىپ 7500 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى چىلاننى دەسلەپكى پىششىقلاش زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىقتى، يىللىق پىششىقلاش ئىقتىدارى 6000 تونناغا يەتتى، مۇشۇ بىر تۈردىلا شۇ جايدىكى 250تىن كۆپرەك ئاممىنىڭ قىش پەسىللىك ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلدى.

30 ياشلىق پاتىگۈل ئابلىزنىڭ چىلان بازىسىدا ئىشلەۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولدى، ئۇ تىرىشچان بولغاچقا، ئوت ـ چۆپ يۇلۇپ، شاخ ـ شۇمبا تېرىپ بىر كۈندە 60 يۈەن تاپالايدۇ. «بىزنىڭ كەنتتىكى كەنت ئاھالىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەشكە ئامراق. ئاز بولغاندا 100گە يېقىن ئادەم، كۆپ بولغاندا 160تىن كۆپرەك ئادەم كېلىپ ئىشلەيدۇ، لى دىرېكتور شۇ كۈنلا ئىش ھەققىمىزنى بېرىدۇ» دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن.

بۈگۈنكى كۈندە، ئارىش كەنتى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 2009 ـ يىلىدىكى 2173 يۈەندىن 2018 ـ يىلىدىكى 9300 يۈەنگە كۆپەيدى.

لى پېڭ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭغا كەلگىنىمگە 50 يىل بولدى، شىنجاڭنى بىر ئۆمۈر سۆيىمەن. مەن كېيىنكى ۋاقتىم ۋە ئۆمرۈمنى چىرا خەلقىگە تەقدىم قىلىپ، شۇ جايدىكى ئامما بىلەن ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ‹چىلانچىلىق كەسپىدىكى ئارزۇيۇم›نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا تولۇق غەلىبە قىلىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىمەن!»




# ئاممىنى قېرىندىشىدەك كۆرۈش

## —— روشەنگۈل توختىنىڭ «ئاددىي» ھاياتى

□ مۇخبىرىمىز فۇ شياڭلۇڭ

يېقىندا ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى) ئوتتۇرا ئاسىيا جەنۇبىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى گۇاڭجوۇ كوچىسى مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ سابىق شۇجىسى روشەنگۈل توختى «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

55 ياشلىق روشەنگۈل مۇنداق دېدى: «بۇ شان ـ شەرەپ بەك چوڭ بولۇپ كەتتى، مەن ئاددىي ئىش ئورنۇمدا 17 يىل خىزمەت قىلدىم، جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ھېچقانداق ئىش ئىزلىرىم يوق».

ئەمما ئاھالىلەرنىڭ كۆڭلىدە، روشەنگۈل مۇشۇنداق شان ـ شەرەپكە لايىق.

2017 ـ يىلى يازدا، تەۋەلىك رايوندىكى 84 ياشلىق بىر موماي روشەنگۈلگە تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆيىگە كېلىپ ئوغلىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. روشەنگۈل شۇ ھامان بېرىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن بارلىق ئىشلارنى قىلىشىپ بەردى، موماي بۇنىڭدىن تەسىرلەندى. ئوغلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يالغۇز قالدى، بىر قېتىم ئۇ يەنە روشەنگۈلنى ئالايتەن ئىزدەپ كېلىپ: «ناۋادا ئالەمدىن ئۆتسەم ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمنى سىزگە تاپشۇردۇم» دېدى. روشەنگۈل كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ مومايغا: «خاتىرجەم بولۇڭ ھاما!»، دېدى.

روشەنگۈل مۇنداق دېدى: «پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پارتىيە ماڭا تاپشۇرغان بۇ بازىنى ياخشى ساقلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۆز قېرىندىشىمدەك كۆرۈپ، كۆپچىلىكنى مەھەللە چوڭ ئائىلىمىزنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشقا يېتەكلەيمەن».

پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان مەزگىلدە، روشەنگۈل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيەسىنى باشلامچىلىق بىلەن تەشۋىق قىلدى، مەھەللىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە بېرىپ، چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 100 مەيداندىن ئارتۇق لېكسىيە سۆزلىدى، 10 مىڭغا يېقىن ئادەم قېتىم لېكسىيەگە قاتناشتى. ئۇ يەنە مەھەللىدە مەخسۇس مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەدەنىيەت تېمى بەرپا قىلدى. 2015 ـ يىلى روشەنگۈل ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس بولۇپ باھالاندى.

بۇلتۇر 9 ـ ئايدا روشەنگۈلنىڭ بىر «قىزى» بار بولدى، بۇ قىز ئۇنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنى لىيۇ يەننىڭ بالىسى ئىدى. لىيۇ يەن يالغۇز ئانا بولۇپ، بۇلتۇر 7 ـ ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن قىزىغا ياشىنىپ قالغان مومىسى قاراۋاتاتتى.

لىيۇ يەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى روشەنگۈل بالىنى يوقلىغىلى مومىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ بالىنى قۇچاقلاپ ئىچ ئاغرىتقان ھالدا كۆز يېشى قىلدى. «بىز بالىنىڭ ھالىدىن بىرلىكتە خەۋەر ئالايلى، مەن ئۇنى ئۆز قىزىمدەك كۆرىمەن» دېدى روشەنگۈل مومايغا. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ «قىزى»نىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. «قىزى»نىڭ ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا بارىدىغان، «قىزى»نىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، «قىزى»نىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، روشەنگۈل ئىزچىل ھەر ئايلىق مائاشىدىن ئاز دېگەندە 500 يۈەن چىقىرىپ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم بەردى، بۇلتۇر بىر يىلدىلا ئۇنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم بەرگەن پۇلى 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

«ھەرقايسى مىللەتلەرنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا، ئاممىنىڭ ئىشىنى جەزمەن قەلب تۆرىمىزگە قويۇپ، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان كىچىك ئىشلارنى، ئۇلارنىڭ غەم قىلىدىغان ئىشلىرىنى، باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى، ئەمەلىي ھەل قىلىشىمىز كېرەك» دېدى روشەنگۈل.

# بىر ئۆمۈر زېھنىنى سەرپ قىلىپ خەلققە مۇلازىمەت قىلىش

## —— قانۇننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ماقسات زايىپ

□ مۇخبىرىمىز رايىدە

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز قېيۇم قادىر

31 يىلدىن بۇيان، ھېسسىيات بىلەن قانۇن، پۇل بىلەن قانۇن، ھوقۇق بىلەن قانۇننىڭ قاتتىق سىنىقى ئالدىدا، ئۇ ئىرادىسىدىن يانماي، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلدى؛ 17 يىل مۇستەقىل دېلو بېجىرىپ، جەمئىي 3277 ھەق تەلەپ، سودا ئىشلىرى دېلوسىنى سوت قىلدى، 2992 دېلونى مۇرەسسە قىلىپ ئەرزنى قايتۇرغۇزدى، سوت ئېچىش مۇددىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن، ئەرز ـ شىكايەت قىلىنغان بىرمۇ دېلو كۆرۈلمىدى. ئۇ دەل باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى ماقسات زايىپ بولۇپ، يېقىندا، «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

ماقسات باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى چوڭ قۇلىنچېرى يېزىسىدىكى بىر ئاددىي چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1988 ـ يىلى، ئۇ شىنجاڭ سىياسىي ـ قانۇن شۆيۈەنىنى پۈتتۈرۈپ، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان.

نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ دەۋا ھەققىنى كېمەيتىپ، كەچۈرۈم قىلىپ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋالىشالايدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەدلىيە ياردىمىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى سەييارە سوت ئارقىلىق خەلققە قولايلىق يارىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ماقسات بىر خىزمەتدىشى بىلەن كۆچمە سوت تەشكىللەپ، ئاتنى يېتىلەپ، ئاتقا دۆلەت گېربىنى ئارتىپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، قەرەللىك تۈردە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ دېلو بېجىردى.

2008 ـ يىلى، سارچوقا يېزىسى ئاقار قۇدۇق كەنتىدىكى 85 ياشلىق بىر موماي بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىدى، دەپ ئالتە پەرزەنتىنى ئەرز قىلدى. دېلونى مۇرەسسە قىلىش ئۈچۈن، ماقسات ئاتلىق 70 كىلومېتىر يول يۈرۈپ مومايىنىڭ ئۆيىگە باردى. دېلوغا سوت ئېچىلغاندىن كېيىن، دېلوغا قاراپ چىقىشقا مەسئۇل بولغان ماقسات ئورنىدىن تۇرۇپ، مومايىنى جاۋابكارلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، مومايىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ پەرزەنتلىرىدىن: «ئۇ كىم؟» دەپ سورىدى. ئالتە پەرزەنتنىڭ ھەممىسى: «ئۇ مېنىڭ ئانام» دەپ جاۋاب بەردى.

ئېنىق جاۋابقا ئېرىشكەن ماقسات ئورنىغا قايتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئانام تۈگەپ كەتكەن، مەن ۋە ئائىلەمدىكىلەر ئىزچىل ياشانغان بىرسىنىڭ بىز بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ كېلىۋاتىمىز، ئەگەر مەن سىلەردىن بىر تىيىنمۇ ھەق ئالمىسام، مېنىڭ ئاناڭلارنى بېقىشىمنى خالامسىلەر؟» ماقساتنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، جاۋابكارلىق ئورنىدا ئولتۇرغان ئالتە پەرزەنت ئۆز كەيپىياتىنى كونترول قىلالماي تەڭلا يېرىپ، ئانىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ، بەس ـ بەستە ئانىسىنى ئۆيىگە ئەكېتىپ ۋاپادارلىقنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. موماي سوتنىڭ ئۆزىدىلا ئەرزىنى قايتۇرۇۋالدى.

سەييارە سوت ئارقىلىق خەلققە قولايلىق يارىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ماقسات تەۋەلىك رايوندىكى 38 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى چارۋىچىلىق رايوننى ئايلىنىپ چىقتى.

2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، باركۆل سېرىق توپا تەرەققىيات رايونىدىكى بىر ئايالغا سۈت بېزى راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى، دەپ دىياگنوز قويۇلدى، ئۇنىڭ ئېرى سەككىز يىل بۇرۇن ئېغىر كېسەل بىلەن تۈگەپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر ئۆزىنىڭ ھاياتىمۇ خەۋپ ئىچىدە قالغاچقا، قۇرامىغا يەتمىگەن ئىككى بالىسىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز كۆز يېشى قىلاتتى.

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ماقسات ئەر ـ خوتۇن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن، بىز باللار چوڭ بولغۇچە ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ.» بۇ ئايال ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ماقسات ئەر ـ خوتۇننىڭ ياردىمىدە، ھازىر بۇ ئىككى قىزنىڭ بىرى ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، يەنە بىرى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىدە ئوقۇۋاتىدۇ.

ماقسات مۇنداق دېدى: «مەن بىر ئۆمۈر زېھنىمنى سەرپ قىلىپ خەلققە مۇلازىمەت قىلىشنى، ياردەمگە موھتاج كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنى خالايمەن».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بىزنىڭ زاۋۇتتىكى تېخنىكلارنىڭ ھەممىسى ئىچكىرى رايونلاردىن كەلگەن پېششەدەم ئۇستاملار، كىيىم ـ كېچەك ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش جەريانىدا، تېخنىكلار ئىشچىلارنىڭ ئىشلەش جەريانىنى ئايلىنىپ تەكشۈرىدۇ، مەسىلەن، تىكىش ئارىلىقىنى قانچىلىك زىچلىقتا يەتكۈزۈش كېرەك، تىككۈچىلىكتە قايسى ئىنچىكە ھالقىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك قاتارلىقلار.» راھىلەنىڭ دېيىشىچە، ئىشچىلار پىچىش، تىكىش جەريانىدا مەسىلىگە يولۇقسا، ئۇ تېخنىكلار بىلەن بىرلىكتە ئىشچىلار بىلەن پىكىرلىشىدىكەن، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تېخنىكا تەرتىپى، سۈپەتنى تەكشۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە راھىلە ھەممىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، سېخ باشقۇرۇشقا دائىر تەجرىبىلەرنى توپلىغان.

خىزمەتدىشى گۈلنىسا تۇرسۇن بۇ خۇش پېئىل زاۋۇت ياردەمچىسى توغرىسىدا چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە. «راھىلە كۈلۈپلا تۇرىدۇ، ئەمما خىزمەت ۋاقتىدا ناھايىتى كەسكىن، ئەستايىدىل، كەسپىنى سۆيىدۇ، بىزنىڭ چۈشەنمىگەنلىرىمىز بولسا ئۇ تېخنىكلارنى تېپىپ بىزگە ياردەملىشىپ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. تۇرمۇشتا كۆڭۈلسىز ئىشقا ئۇچرىساق، ئۇنى ئىزدەپ مۇڭدىشىمىز.» گۈلنىسا مۇنداق دېدى: باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان راھىلە يەنە زاۋۇتنىڭ ئاياللار مۇدىرى، ئۇ ئايال ئىشچىلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغىچە ھەممە ئىشنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ كۆپچىلىككە يول كۆرسىتىدۇ.

«زاۋۇتتا ئايال ئىشچىلار كۆپ، بەزىدە ئىشلەۋاتقاندا كىمنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، كۆڭلىدە بىر ئىش بارلىقىنى كۆرگىنىمدە ئىزدەپ پاراڭلىشىپ، ئۇلارنى خۇش قىلىمەن.» راھىلەنىڭ قارىشىچە، ياخشى كەيپىيات بىلەن خىزمەت قىلىش ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، يەنە ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكىگىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىكەن.

«ھازىر مەن ھەر ئايدا 2000 يۈەن مائاش ئالىمەن، دوستلىرىم بىلەن ناھىيەگە كىرىپ بازار ئارىلاپ ياخشى كۆرىدىغان كىيىملەرنى سېتىۋالىمەن.» مائاشنى قانداق خەجلەيدىغانلىقى توغرىسىدا توختالغاندا راھىلەنىڭ كۈلكىگە تولغان چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ، ھەر ئايدا ئېشىنغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئامانەت قويىمەن، دېدى.

### ■ بىرمەھەل كۈلكىدىن مەھرۇم قېلىش

راھىلە كىچىكىدىن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ توغراغاز يېزىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. ئۇنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ھەر كۈنى گۈلدەك ئېچىلىپ غەمسىز يۈرەتتى، دېيىشىدۇ. لېكىن بۇ خۇشاللىق دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ يۇقۇملىشى بىلەن بىرمەھەل يوقالغان.

2009 ـ يىلى، ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن راھىلە توي قىلدى. تويدىن كېيىن، راھىلە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ھەر كۈنى خۇشال ـ خۇرام ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ يۈردى. لېكىن ئۇزاققا بارماي غەيۋەت ـ شىكايەتلەر يېغىشقا باشلىدى.

«كەنتىمىزدىكى نىقابلىق كىيىم كىيگەن ئاياللار مېنى ئۇنى ـ بۇنى دېيىشتى، ئۇلار توي قىلغان ئايال بۇنداق يۈزىنى ئېچىپ يۈرسە بولمايدۇ، يۈزىنى ئېچىپ كۈلۈپ يۈرسە يامان بولىدۇ، كىشىلەر كۆزىگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۆيىدىكىلەرنى نەس باسىدۇ، دەپ بىلجىرلاشتى.» راھىلەنىڭ دېيىشىچە، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ نىقابلىق قارا كىيىم كىيىپ، چۈمبەل ئارتىپ يۈزىنى ئورىغان. ھەر كۈنى ھويلىسىدىلا يۈرۈپ، ئاساسەن سىرتقا چىقمىغان، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلمىغان. ئىلگىرىكى خۇش پېئىل قىز غايىب بولغان.

بۇ ھالەت ئۇدا نەچچە يىل داۋاملاشتى، ئېرى ئوبۇل ھەسەن ئاخىر چىداپ تۇرالماي، كەنت ئائىلە كومىتېتىغا بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۆيىدىكىلەر ۋە كەنت كادىرلىرىنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، راھىلە كېرىيە ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىشقا تىزىملاتتى.

خۇشاللىق قانداق قىلىپ يوقالدى؟ راھىلە مەكتەپتە بۇنىڭ جاۋابىنى تاپتى.

«دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تۈپەيلىدىن مەن خۇشاللىقىمنى يوقاتتىم، ئىدىيەمنى ئۆزگەرتكەندىلا، ئاندىن خۇشاللىقىمنى قايتا تاپالايمەن.» راھىلەنىڭ دېيىشىچە، تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۇ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپتۇ، يەنە كىيىم ـ كېچەك كېسىمچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپتۇ. «مەن مەكتەپتە نۇرغۇن مودا كىيىم ـ كېچەك ژۇرناللىرىنى كۆردۈم، ئۇنىڭدىكى يېڭى پاسوندىكى كىيىم ـ كېچەكلەر بەك چىرايلىق ئىكەن.» راھىلەنىڭ كىيىم پىچىشقا بولغان قىزىقىشى زور دەرىجىدە ئېشىپ، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ ژۇرناللارنى قولىدىن چۈشۈرمەي ھەم كېسىمچىلىك تېخنىكىسىغا كۈچ سەرپ قىلدى.

مەكتەپتىكى ئازادە، خۇشال، ئوچۇق كەيپىيات بىلەن راھىلە كۈلكىسىنى قايتىدىن تېپىۋالدى. تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، راھىلە ناھايىتى تېزلا شۇ جايدىكى كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىدىن خىزمەت تېپىپ، يېپيېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى.

### ■ ناھايىتى تېزلا زاۋۇت باشلىقى ياردەمچىسى بولۇش

كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىدىكى خىزمەت راھىلەنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى خىزمەت ئىدى. زاۋۇتقا كەلگەندىن كېيىن، راھىلە ئىشنى كېسىمچىلىكتىن باشلىدى، مەكتەپتە تېخنىكىنى پۇختا ئۆگەنگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت ئورتاق تىل ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۇ ناھايىتى تېزلا زاۋۇت باشلىقى ياردەمچىسى بولدى.

خىزمەت راھىلەنى مىسلىسىز ئىلگىرىلەتكەندەك تۇيغۇغا كەلتۈردى. «تۈنۈگۈن زاۋۇتنىڭ زاكازلىرىنى تۈگەتتۇق، بۈگۈن نورمال ئىشتىن چۈشسەك بولىدۇ.» چۈشتىن كېيىن سائەت 7دىن ئاشقاندا، راھىلە توكسىكلىتقا مىنىپ تۇرۇپ، مۇخبىرلارنى ئۆيىگە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

راھىلەنىڭ ئۆيىگە كىردۇق، پۈتۈن ھويلىدا خىنىگۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. «بۇنىڭغا قاراڭە، تۈنۈگۈن تىرناقلىرىمغا خېنە قويغاندىم، قىپقىزىل ئېچىپ كېتىپتۇ، چىرايلىقمىكەن؟» راھىلە قولىنى سۇنۇپ بىزگە كۆرسىتىپ، خۇددى كىچىك باللاردەك كۈلۈپ كەتتى. «ئىلگىرى ھويلىمىزدا ھېچقانداق گۈل يوق ئىدى، گىرىم قىلىش، تىرناق بوياشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى».

بۇ بىرقانچە يىلدا، كەنتتە ئەمىن ئۆي سېلىنىپ، راھىلەنىڭ ئۆيىمۇ زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. مېھمانخانىغا كىرگەندە سۇپىغا ئوتتاشتەك قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئاق رەڭلىك ئۈستەلگە قېتىق قويۇلغانىدى. تازىلىق ئۆيىدە سۇ چۈشىدىغان ھاجەتخانا ۋە مۇنچا بار ئىدى، ھۇجرىدىكى كارىۋاتنىڭ يېنىغا قويۇلغان گىرىم ئۈستىلىدە لەۋ سۇرۇخ، قاش قەلەم، ئۇپىلارنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى، رەڭگارەڭ كۆڭلەكلەر ئىشكاپقا لىققىدە ئېسىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى راھىلە تورىدىن سېتىۋالغان ئىكەن.

«ئۇنىڭدا ھازىر ئۆزگىرىش زور، كۈلۈپلا تۇرىدىغان بولدى، تېخىمۇ ئىشەنچكە تولدى، ھەر كۈنى قايتىپ كەلگەندە ماڭا دەيدىغان گەپلىرى تۈگىمەيدۇ.» ئېرى ئوبۇل خوتۇنىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە خۇشال بولدى. «مەن كەنت ئائىلە كومىتېتىدا ئىشلەيمەن، بالام كەنت يەسلىسىدە ئوقۇۋاتىدۇ. بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بازارغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلىمىز، بەختلىك كۈنلەر مۇشۇنداق بولامدۇ!»

راھىلە زاۋۇتتا تېخنىكىنى پۇختا ئۆگىنىپ، باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى بېيىتقاندىن كېيىن، يەنە ئۆزى ئىگىلىك تىكلەشنى ئويلىشىپتۇ. «مەن تېخى 30 ياشقا كىرمىدىم، قىلىدىغان ئىشلىرىم تېخى نۇرغۇن. بەلكىم بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مېنى كۆرگەندە، مېنى ‹راھىلە باش دىرېكتور› دەپ ئاتاپ قېلىشىڭلار مۇمكىن» دېدى راھىلە كۈلۈپ تۇرۇپ مۇخبىرلارغا.